# 225558 - ئىستىغپار قەلب ياشناتقۇچى ئاساسلىق سەۋەبدۇر

## سوئال

ئىستىغپار قەلبلەرنى ياشنىتىدۇ دېيىش توغرا بولامدۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەلمەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭپەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

ئىستىغپار بولسا قەلبنىڭياشنىشى، نۇرلىنىشى ۋە ھىدايەت تېپىشىنىڭسەۋەبلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى ئۇ ئاللاھتائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشنىڭسەۋەبىدۇر. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداقدەيدۇ: ﴿لَوْلَا تَسْتَغْفِرُونَ اللَّهَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ﴾تەرجىمىسى: «سىلەررەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈنېمىشقا ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپقىلمايسىلەر؟.» [سۈرە نەمل46-ئايەت].

سەلەپ ئالىملارنىڭبەزىسى مۇنداق دەيدۇ: "ئاللاھ تائالانىڭ بىربەندىسىگە ئىستىغپار ئېيتىشنى ئىلھام قىلمىغانلىقى، ئاللاھتائالانىڭ ئۇ بەندىسىنى ئازابلاشنى مەقسەتقىلغانلىقىدىندۇر" [ئەھيا ئۇلۇمىددىن 1-توم 313].

ئىستىغپار ئېيتىش بولسا ئاللاھ تائالانىياد ئېتىپ زىكىر قىلىشنىڭ جۈملىسىدىندۇر، ئاللاھ تائالانىياد ئېتىش بىلەن قەلب ياشنايدۇ.

ئىبنى قەييىمرەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "زىكىرقىلىشنىڭ مېۋىسى قەلبنى ياشنىتىشتۇر".
[مەدارىجئەسسالىكىن 2-توم 29-بەت].

ئىستىغپار گۇناھسەۋەبىدىن كېسەل بولغان قەلبنىڭدورىسىدۇر. گۇناھ-مەسىيەت بارلىقبالا-مۇسىبەتنىڭ ئاساسىدۇر.

ئىمام قەتادەرەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "شۈبھىسىزكى،قۇرئان كەرىم سىلەرگە كېسەللىرىڭلارۋە كېسەلنىڭ دورىسىنى بايان قىلىپ بەردى،كېسەللىرىڭلار بولسا، سىلەرنىڭگۇناھىڭلار، كېسەلنىڭ دورىسى بولسا ئىستىغپارئېيتىشتۇر". [ئىمان شاخچىلىرى 9/347].

ئىستىغپار بولسا قەلبنىكىر-قاسماقلاردىن، غەپلەت ۋە سەھۋەنلىكلەردىن تازىلاپ، ئۇنىڭچاقنىشى ۋە پاكلىنىشىدىكى كاتتاسەۋەبلەرنىڭ بىرىدۇر.

ئىبنى قەييىمرەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: “مەنبىر كۆنى ئۇستازىم ئىبنى تەيمىيەرەھىمەھۇللاھقا مۇنداق دېدىم: “بەزىئۆلىمالار: بەندە ئۆچۈن تەسبىھ ئېيتىشبەكراق پايدىلىقمۇ ياكى ئىستىغپار ئېيتىشمۇ؟ دەپسوراۋاتىدۇ دېسەم، ئىبنى تەيمىيەرەھىمەھۇللاھ جاۋاپ بېرىپ: “كىيىمپاكىزە بولسا گۈل سۈيى ۋە خۇش-پۇراقنەرسىلەر مەنپەئەتلىكراق بولغاندەك،ئەگەر كىيىم قاسماق-كىر بولسا، ئىسسىق سۇ بىلەنسوپۇن بەكراق مەنپەئەتلىك بولىدۇ”.ماڭا يەنە: “ئەمما كىيىم ھەمىشەكىر-قاسماق بولسا قانداق بولىدۇ؟ دېگەن. [ۋابىلىسسەيىب 92-بەت].

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مىسالدىكىگۈل سۈيى ۋە خۇش-پۇراقنەرسىلەردىن زىكىر-تەسبىھ قاتارلىقلار مەقسەتقىلىنىدۇ. سوپۇن بىلەن ئىسسىق سۇدىن ئىستىغپارمەقسەت قىلىنىدۇ، چۈنكى كىيىم بىلەنبەدەن سوپۇن بىلەن تازىلانغاندەك،گۇناھدىنمۇ ئىستىغپار بىلەن پاكىزلىنىدۇ.

ئەغەررىل مۇزەنىرەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەتقىلىنىدۇكى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامموُنداق دېگەن: **«مېنىڭ قەلبىممۇپەردىلەنگەندەك بولىدۇ، مەنمۇكۈندە 100 قېتىم ئىستىغپار ئېيتىمەن.»** [مۇسلىمرىۋايىتى2702-ھەدىس].

شەيخۇل ئىسلام ئىبنىتەيمىيە رەھىمەھۇللاھ يۇقىرىقىھەدىستە توختۇۇلۇپ مۇنداق دەيدۇ:”پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇھەدىستە، ئۆزىنىڭ ھەر كۈنى ئاللاھ تائالاغائىستىغپار ئېيتىدىغانلىقى، بۇ ئارقىلىق قەلبىنى ئورىۋالغانپەردىلەرنىڭ يوقىلىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەربەرگەن”. [پەتىۋالار توپلىمى 15-توم 283-بەت].

ئەبۇ ھۇرەيرەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداقدېگەن: «شۈبھىسىزكى، مۆمىن بىر گۇناھ قىلسا،ئۇنىڭ قەلبىگە بىر قارا چېكىت پەيدا بولىدۇ،ئەگەر تەۋبە قىلسا، گۇناھدىن قولئۈزسە قەلبى ئاقىرىپ پاكلىنىدۇ. ئەگەرگۇناھ-مەسىيەت زىيادە بولسا قەلبىنى قاراچېكىتلەر قاپلاپ كېتىدۇ، مانا بۇ ئاللاھ تائالاقۇرئان كەرىمدە زىكىر قىلغان قارا چېكىتلەردۇر.ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كَلَّا ۖ بَلْ ۜ رَانَ عَلَىٰ قُلُوبِهِم مَّا كَانُوا يَكْسِبُونَ﴾ تەرجىمىسى: **«ھەرگىزئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭگۇناھلىرى تۈپەيلىدىن دىللىرى قارىيىپ كەتكەن.»** [سۈرە مۇتەپپىپىن 14-ئايەت]. [بۇھەدىسنى ئىمام تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەتقىلغان. شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللاھھەسەن دەپ تىرمىزىنىڭ سەھىھ ھەدىسلەرتوپلىمىدا 2654- نومۇرلۇقھەدىستە كەلتۈرگەن].

بۇ ھەقتەتېخىمۇ كۆپ مەلۇمات ھاسىل قىلىش ئۈچۈن104919-نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەتقىلىنسۇن.

ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچى ئاللاھتائالادۇر.